## 20958 ـ قورسقى ئاچ ياكى يەل قىستاپ قالغان كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرىسىدا

### سوئال

ناماز جەريانىدا ياكى نامازدىن سەل بۇرۇن تاھارەتنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن يەلنى قىسىۋالسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تائام ھازىر بولغاندا ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى قىستاپ قالغاندا ناماز ئوقۇش توغرا بولمايدۇ». [مۇسلىم رىۋايىتى 560-ھەدىس].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: خۇپتەننىڭ ۋاقتىدا تاماق ھازىر بولغان بولسا، ئىنساننىڭ كۆڭلى تاماقنى ئىشتىھا قىلسا، ئۇ كىشى تاماقنى يەۋېلىپ گەرچە نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نامازنى ئادا قىلامدۇ؟دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق دېگەن: "بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ بار، بەزى ئۆلىمالار: ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى ھازىر بولغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا نامازنى كېچىكتۈرۈپ يېمەكنى يەيدۇ گەرچە نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتسىمۇ.

لېكىن كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: "كەچلىك تاماق ھازىر بولغاندا ئۇنى دەپ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۇزرە بولمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇزرە بولىدىغان ئىش جامائەتكە ئۇلگۈرەلمەسلىك، يەنى ئىنسان كەچلىك يېمەك ھازىر بولغان كۆڭلى يېمەككە باغلىنىپ قالسا، يېمەكنى يەپ ئاندىن نامازغا ماڭىدۇ، ئەگەر نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا ئۇلگۈرسە، جامائەت بىلەن بىرگە ئادا قىلىدۇ، ئەگەر جامائەتكە ئۇلگۈرەلمىسە، ئۇ ۋاقىتتا يالغۇز ئوقۇيدۇ، گۇناھ بولمايدۇ.

ئەمما كەچلىك تاماقنى دائىم خۇپتەننىڭ ۋاقتىدا ھازىر قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى بۇ جامائەت بىلەن ناماز ئادا قىلىشنى تەرك قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن تاسادىپىي بولۇپ قالسا ئۇ ۋاقىتتا جامائەتنى تەرك قىلىپ قالسا ئۇزرە بولىدۇ، تويغۇدەك يەيدۇ، چۈنكى بىر ـ ئىككى لوقما يېگەندە يېمەككە بولغان ئىشتىھاسى ئاشىدۇ.

يېمەككە قاتتىق ئىنتىزار بولغان كىشىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ كىشى ئۆزى ئۆلۈپ قالغانغا ئوخشاش ھارام

نەرسىنى تاپقان بولسا، بىز ئۇ كىشىگە هارام نەرسىدىن باشقىنى تاپالمىغان بولسىڭىز، هالاك بولۇپ كەتمەسلىك ياكى زىيانغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تويغۇدەك يەپ هاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇڭ دەيمىزمۇ؟، ياكى زۆرۈرەت مىقدارىدا يەڭ دەيمىزمۇ؟، ئۇ كىشىگە: زەرۈرەت مىقدارى يەڭ دېسەك، سىزگە يېمەكتىن ئىككى لوقما كۆپايە قىلسا، ئۈچىنچى لوقمىنى يېمەيسىز.

كەچلىك يېمەك مەسىلىسىگە ئىنساننى تەشۋىشكە سالىدىغان كىچىك تەرەت، چوڭ  تەرەت، يەل قاتارلىق نەرسىلەرمۇ قېتىلامدۇ؟.

بۇنىڭ جاۋابى: شۇنداق، ئۇنىڭغا قېتىلىدۇ، بەلكى سەهى مۇسلىمدا بايان قىلىنغان هەدىستە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاماق هازىر بولغاندا، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىستىغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ»، يەلمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

قائىدە: ئىنسان نامازدا دىل هۇزۇرىنى مەشغۇل قىلىدىغان، تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسە بولسا قەلبى ئۇنىڭغا باغلىنىدىغان، ياقتۇرمايدىغان بولسا كۆڭلى بىئارام بولىدىغان هەرقانداق نەرسىدىن نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن خالاس بولىشى كېرەك. بۇنىڭدىن بىر قانچە پايدىلارنى چىقىرىمىز: ئۇ بولسىمۇ نامازنىڭ مېغىزى ۋە روهى دىلنىڭ هۇزۇرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئىنساننى نامازغا كىرىشتىن ئىلگىرى دىل هوزۇرىغا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن خالاس بولۇشقا بۇيرىغان. ["شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى" 13/ سۇئال"588"].

شەيختىن يەنە: ئىنساننىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ قالغان بولۇپ، تەرەت ئالماشتۇرۇپ بولغىچە جامائەت نامازنى ئوقۇپ بولىدىغان بولسا، جامائەتتىن قالماسلىق ئۈچۈن چىداپ تۇرۇپ نامىزنى ئادا قىلامدۇ ياكى جامائەتكە ئۆلگۈرەلمىسىمۇ هاجىتىنى ئادا قىلىپ ئاندىن نامازنى ئادا قىلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئۇ كىشى گەرچە جامائەتكە ئۆلگۈرەلمىسىمۇ هاجىتىنى ئادا قىلىپ ئاندىن تاهارەت ئېلىپ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئۆزرۈردۇر. هەدىستە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاماق هازىر بولغاندا، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىستىغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ». ["شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى" 13/ سۇئال"588"].

هەممىدىن توغرىنى ئاللاه تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.